## 120850 ـ سۈنئى تىرناق بىلەن تاھارەت ئېلىش ۋە بۇنىڭ بىلەن ناماز ئادا قىلىش توغرىسىدا

### سۇئال

جىسمىدىكى كالتۇسىيۇم ماددىسىنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن يېڭىدىن تىرناق چىقمىغانلىقى ئۈچۈن كېسىلگەن تىرناقنىڭ ئورنىغا دائىم قولدا تۇرىدىغان سۈنئى تىرناق قويۇش بىلەن تاھارەت ئىلىپ، ناماز ئادا قىلسا توغرا بولامدۇ؟ . بۇ  ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

جىسمىدىكى كالتۇسىيۇم ماددىسىنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن يېڭىدىن تىرناق چىقمىغانلىقى ئۈچۈن كېسىلگەن تىرناقنىڭ ئورنىغا دائىم قولدا تۇرىدىغان سۈنئى تىرناق قويسا بولىدۇ. ئەمما زىننەت ئۈچۈن بولسا توغرا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا21724 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

بۇ تىرناقلار بىلەن ناماز ئادا قىلسا بولىدۇ، لېكىن تاھارەت ئالغاندا  ۋە يۇيۇنغاندا ئۇنىڭ ئاستىغا سۇ يېتىشى ئۈچۈن ئۇنى ئېلىۋېتىش شەرت قىلىنىدۇ.

دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى- 5توم- 218 بەتتە مۇنداق كەلگەن" :سۈركىگەن سىرنىڭ تىرناقنىڭ ئۈستىدە ۋەزنى بولسا، تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئېلىۋەتمىسە تاھارەت دۇرۇس بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ۋەزنى بولمىسا، بۇ خىنىگە ئوخشاش بولسا بۇنىڭ بىلەن تاھارەت دۇرۇس بولىدۇ،."

بۇ سىر بىلەن بولغاندا شۇنداق، سۈنئى تىرناق دېگەننى ئەلۋەتتە ئېلىۋېتىشقا بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.